# ئاتاقلىق تارىخ ئەسەرلىرى تەرجىمانى، تارىخشۇناس ھەم ئىجتىھاتلىق مۇھەررىر — ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى





بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە



ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە.




ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ماقالە ئوقۇماقتا.

28 - يىل نەشرى ( ئومۇمىي 171 - سان )
第28卷 (总第171期)
Volume 28( General № . 171)

www.altunyaruk.com

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译(维吾尔文)
Language and Translation(Uyghur)

2009 - يىللىق 4 - سان
2009年第4期
№ 4, 2009

# ئاتاقلىق تارىخ ئەسەرلىرى تەرجىمانى، تارىخشۇناس ھەم ئىجتىھاتلىق مۇھەررىر ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى

ئابدۇزاھىر تاھىر مۇراد

(«تىل ۋە تەرجىمە» تەھرىراتى، ئۈرۈمچى 830049)

تارىخ ئۆتمۈشىمىزنىڭ يورۇق ئەينىكى، يەنە ھەم كەلگۈسىمىزنىڭ ئاچقۇچىدۇر. تارىخ ئارقىلىق ئۆتمۈشنى بىلگىلى، بۈگۈننى چۈشەنگىلى، كەلگۈسىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. تارىخ بىزگە ھازىرىمىزنى توغرا تونۇتۇپ، كەلگۈسىمىزنى تېخىمۇ پارلاق قىلىشنىڭ يولىنى كۆرسەتكۈچى ماياك. مەيلى يالغۇز بىر كىشى بولسۇن ۋە مەيلى ئۇيۇشقان بىر توپ بولسۇن، ئادەمىي ئاڭغا ئىگە بولغان ھەرقانداق بىر گەۋدە ئۆزىنىڭ كىملىكى، قەيەردىن كېلىپ، قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزمەي قالمايدۇ. ئۆزىنىڭ كىملىكى ۋە قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلىشنىڭ ئۇل - ئاساسى — ئەجدادىنىڭ تارىخىنى بىلىشتۇر. ئۆزىنىڭ كىملىكىنى چىن مەنىسىدىن بىلمەكچى بولغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز توپىنىڭ، قوۋم - جەمەتىنىڭ، ۋەتەن - مىللىتىنىڭ ئۆتمۈش تارىخىدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەككى، تارىخنى بىلمەي تۇرۇپ، گۆدەكلىك - نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىش تولىمۇ قىيىن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يۈكسىلىشلەردە ئاكتىپ رول ئويناۋاتقان تىل ۋە تەرجىمە ساھەسىدىكى تۆھپىكارلارنى تىلغا ئالغاندا، خەلقىمىزنىڭ ئۆز تارىخىنى بىلىشىگە قۇلايلىق يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىزدىنىۋاتقان تارىخشۇناسلىرىمىزنى، جۈملىدىن تارىخ تەرجىمىسى ساھەسىدىكى تۆھپىكارلارنى تىلغا ئالماي ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرىمىز تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدە مول نەتىجىلەرنى يارىتىپ، بىزگە تارىخنى توغرا تونۇتۇپ، بىزنىڭ قاينام - تاشقىنلىققا تولغان ھازىرىمىز ۋە تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسىمىز ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىش روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ كەلدى ھەم كەلمەكتە. ئاتاقلىق تارىخ ئەسەرلىرى تەرجىمانى، تارىخشۇناس ھەم ئىجتىھاتلىق مۇھەررىر ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى ئەنە شۇ تارىخ ئىلمى ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

تارىخ ئەسەرلىرى تەرجىمانى، تارىخشۇناس ۋە ئىجتىھاتلىق مۇھەررىر ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى 1951 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى توقسۇ ناھىيىسى بازار ئىچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئابلەت ئەپەندىنىڭ ئاتا - ئانىسى رايونىمىزدا يېڭىچە ئىلىم - مەرىپەت مارشىنى جاراڭلاپ، ئۆزگىچە بىر جۇشقۇنلۇق كۆتۈرۈلگەن 1940 - يىللاردىن باشلاپلا مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان مەرىپەتپەرۋەرلەر بولۇپ، ئۇلار ئوغلى ئابلەتتە كىچىكىدىنلا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئابلەت نۇردۇن ئەينى يىللاردا توقسۇ ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئاپىسى پاشا رەھىم خانىم بىلەن ئىلگىرى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان، 1950 - يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلەۋاتقان دادىسى نۇردۇن ئىبراھىم ئەپەندىنىڭ يېتەكلىشىدە ئائىلىسىدىلا ساۋات چىقىرىپ بولغان ۋە 1957 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ 2 ئايدىن كېيىن، سىنىپ ئاتلاپ 2 - يىللىققا ئوقۇشقا تەڭشەلگەن. 1961 - يىلى 7 - ئايدا باشلانغۇچنى تۈگىتىپ، شۇ يىلى 9-

ئايدىن 1966 ـ يىلىغىچە توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتى ئالغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە تىرىشىپ ئەلا ئوقۇغان بولسىمۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «گومىنداڭ داشقىلى» دەپ ئەيىبلەنگەچكە، ئابلەت نۇردۇننىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىغا مۇمكىن بولمىغان ھەم 1966 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلىغىچە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن توقسۇ ناھىيە ئۆگەن يېزىسى ئۆگەن كەنتىدە قايتا تەربىيە ئالغان، 1974 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە ئۆگەن يېزىلىق كارخانىدا بوغالتىرلىق قىلغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇنجى قېتىملىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ، 1978 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان ھەم ئۇنىۋېرسىتېتقا قوبۇل قىلىنىپ 2 ئايدىن كېيىنلا خەنزۇچە ئىمتىھان بېرىپ، سىنىپ ئاتلاپ ئۆزىدىن بىر قارار بۇرۇنقىلار بىلەن ئوقۇشقا تەڭشىلىپ، 5 يىلدا تاماملىنىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتنى تۆت يېرىم يىلدا، يەنى 1983 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پۈتتۈرگەن. 1983 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1998 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باش مۇھەررىرى، قوشۇمچە ئاكادېمىيە باسما زاۋۇتىنىڭ لىدىرى، ئورگان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1986 — 1987 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەنزۇ تىلى ۋە قەدىمكى خەنزۇ تىلى بويىچە، 1995 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بويىچە، 1987 — 1989 ـ يىللىرى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە رۇس تىلى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. 1997 ـ يىلى ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1998 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئوقۇش ـ تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكەلگەن. 2003 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سالامەتلىك ئەھۋالى ۋە تەتقىقات ـ تەرجىمە ئىشلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇددەتتىن بۇرۇن ئىچكى قىسىمدا ئائىلىدە دەم ئېلىشقا چىققان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە تارىخ تەتقىقاتى ۋە تەرجىمە ـ تەھرىرلىك ئىشلىرى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى كىچىكىدىنلا ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىشكە ھېرىسمەن بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئاساسىي دەرسلەرنى ئەلا ئوقۇش بىلەن تەڭ ئەينى چاغدا قوشۇمچە دەرس سۈپىتىدە ھەپتىسىگە 2 ـ 3 سائەتلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خەنزۇ تىلى دەرسىنىمۇ تىرىشىپ ئۆگەنگەن. يېزىغا قايتا تەربىيىگە چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئۆگىنىشنى توختاتماي، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بىلەن خەنزۇچە نۇسخىسىنى داۋاملىق دېگۈدەك ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلاردىكى ئوخشاش ماقالىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ يۈرۈپ، خەنزۇچە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان. كارخانىدا بوغالتىرلىق قىلغان مەزگىللىرىدە خەنزۇچە سەۋىيىسىنى تېخىمۇ تېز ئۆستۈرۈپ، خەنزۇچە ئاددىي ماقالىلەرنى كۆرەلەيدىغان، تەرجىمە قىلالايدىغان بولغان. ئەينى چاغلاردا ئۇ دائىم دېگۈدەك خەنزۇچە كىنولارنى نەق مەيداندا ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ مىكروفون بىلەن تاماشىبىنلارغا سۆزلەپ بېرىپ، جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇنىۋېرسىتېتقا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇزۇن يىللار تەشنا بولۇپ كەلگەن بۇ ئۆگىنىش پۇرسىتىنى تولىمۇ قەدىرلەپ، ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. «سەھەر سائەت 4 تىن كەچ سائەت 11 ـ 12 لەرگىچە ئۆگىنىش» — ئۇنىڭ شۇ چاغلاردىكى، ھەتتا كېيىنكى خىزمەت جەريانىدىكىمۇ ئادىتىگە ئايلانغان. ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى ئۇنىۋېرسىتېتتا قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۆگىنىشكە كىرىشكەن، ھەتتا پۈتۈن ـ پۈتۈن لۇغەتلەرنى باشتىن ـ ئاخىر كۆچۈرۈپ يېزىپ ئۆگەنگەن. يەنە ئابدۇللا تالىپ قاتارلىق پېشقەدەم زىيالىيلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن. ئۇ 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ تەرجىمە

ئەسەرلىرى ۋە ئىجادىي ماقالىلىرىنى مەتبۇئاتلارغا يوللاشقا باشلىغان. شۇ چاغلاردا «24 تارىخ»تىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتنىشىۋاتقان ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى ئابلەت نۇردۇننىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسىگە قاراپ، ئۇنى «24 تارىخ»نىڭ «كېيىنكى خەننامە . جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى، جىلد جى قاتارلىقلار تەرجىمھالى»نى تەرجىمە قىلىشقا دەۋەتمۇ قىلغان. ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ بۇ خىل ئۆگىنىش - ئىزدىنىش روھىنى سۇسلاشتۇرمىغان ھەم شۇ چاغلاردا ش ئۇ ئا ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەۋاتقان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەزىز يۈسۈپ، جۇمەخۇن، جاقىپ مىرزىقان، روزى تۇردى، شۇ زۇڭجېك قاتارلىق تەرجىمە ۋە تارىخ ساھەسىدىكى ئاتاقلىق زاتلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئىشخانىسىنى «ھەم ياتاق، ھەم ئىشخانا» قىلىپ، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگەنگەن. «ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ، قەلەم ھەققىنىڭ 50% ىگە چوقۇم كىتاب سېتىۋېلىش»نى شۇ چاغلاردىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مىزانلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان... ئادەمدە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىش روھى ۋە شۇنداق ئەمەلىيەتلا بولىدىكەن، تىرىشقانىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلمەي قالمايدۇ. ئەنە شۇنداق تىرىشىش روھىغا ئىگە ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى ئۆز تىرىشچانلىقلىرى بىلەن تارىخ ئەسەرلىرى تەرجىمىسى، تارىخ تەتقىقاتى ۋە مۇھەررىرلىك ساھەلىرىدە زور نەتىجىلەرنى يارىتىپ، خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى ھەم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشتى.

ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى ئالدى بىلەن تارىخ ئەسەرلىرى تەرجىمىسى ساھەسىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ 1980 - يىللىرىدىن ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا «تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ساكلارنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» قاتارلىق 200 پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇ مۇستەقىل تەرجىمە قىلغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى(3)» (1998)، «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر(3)» (1996)، «يەكەن خانلىقى تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» (1999)، «شىنجاڭ تارىخىدىن سوئال - جاۋابلار» (1998)، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەربىيە» (1998)، «شىنجاڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى» (2006)، «پەرزەنتلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلەش» (2009)، «بىلىم ئىگىلەش» (2009) قاتارلىق كىتابلار ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» (2000)، «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (1 - قىسىم، 1993؛ 2 - قىسىم، 1999)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1998)، «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1 -، 2 - قىسىم) (1996)، «خوتەن ئۇيغۇرلىرى» (1998)، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى قىسقىچە ئوقۇشلۇقى» (2001)، «پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ھەققىدە تەتقىقات» (1995)، «شىنجاڭنىڭ 2000 يىلى» (2002)، «قاراخانىيلار تارىخىدىن قىسقىچە بايان» (2000)، «ئۇيغۇرلار تارىخى» (ليۇ زىشاۋنىڭ ئەسىرى. ئوتتۇرا قىسىم، 1 -، 2 - كىتاب. 2003)، «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (2003)، «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت» (2003)، «غەربىي يۇرت تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» (2002)، «ئۇ جۇڭگونى ئۆزگەرتتى — جياڭ زېمىننىڭ تەرجىمھالى» (2006)، «ئۇلۇغ ئېقىن» (2007)، «ۋۇ زېتيەن» (2008)، «جۇڭخۇانىڭ 5000 يىلى» (2007. بەش قىسىم)، «دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى» ( 2008. بەش قىسىم)، «شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن داڭلىق شەخسلەر»(2007. بەش قىسىم)، «لىن زېشۈ» (2007)، «ئىنتىپاق ئەزالىرى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى» (2006)، «ئىنتىپاق ئەزالىرى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى» (2009)، «بىلىم ئىگىلىكى قانۇنشۇناسلىقى» (2006)، «تارىخ ئوقۇتۇشىنى باھالاش» (2006)، «تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرى قوللانمىسى» (2009)، «جۇڭگو ياش - ئۆسمۈرلەر قامۇسى» (2000. 3 - توم تارىخ قىسمى)، «شىنجاڭنىڭ تارىخى، مىللەت، دىن نەزەرىيىسى ۋە سى-

ياستى دەرسلىكى» (2008)، «جۇڭگو تارىخى» (2006. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر سىناق دەرسلىكى) قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىندى. «جەمئۇت تەۋارىخ» («تارىخلار جەمئىيسى»)، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قانۇن - تۈزۈم تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، «ياڭ زېڭشىن»، «جىن شۇرېن»، «ما جۇڭيىڭ»، «شېڭ شىسەي»، «پەنشۇناسلىق» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ ۋە يېزىپ نەشرگە تاپشۇردى. تارىخ تەرجىمىسىدە ئىنتايىن قىيىن ھېسابلىنىدىغان «24 تارىخ» قا تەۋە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» بىلەن «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى غەربىي يۇرتقا دائىر ماتېرىياللارنى، «كېيىنكى خەننامە» (1996)نىڭ بىر قىسمىنى، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» (2002) بىلەن «سۈينامە» (2003) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت قىسىملىرىنى مۇستەقىل تەرجىمە قىلدى. ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى «24 تارىخ» (بەزىدە «25 تارىخ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تىكى غەربىي يۇرتقا دائىر ماتېرىياللارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ۋە تەرجىمىسىنى بېكىتىشكە زور تۆھپە قوشتى. ئۇ «24 تارىخ»تىكى «جىننامە»، «لياڭنامە»، «كونا - يېڭى تاڭنامە»، «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ بىر مىليون خەتلىكتىن كۆپرەك تەرجىمىسىنى بېكىتىپ بەردى.

ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى تارىخ ئەسەرلىرى تەرجىمىسىگە كىرىشكەن دەسلەپكى چاغلاردىلا خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەتلەردە تېپىلمايدىغان تارىخقا دائىر ئاتالغۇلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنى توپلاپ نەشر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى ھەم تارىخ تەتقىقاتى ۋە تارىخ تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بۇنداق ئاتالغۇلارنى يىغىشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى» (1990)نى، «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار سېلىشتۇرمىسى» (2004، ئۆزى ئاساسلىق تۈزگۈچى بولغان. قازاقچىسىمۇ نەشر قىلىنىش ئالدىدا)نى ۋە مۇستەقىل ھالدا «تارىخىي ئاتالغۇلار تەرجىمە قوللانمىسى» (1997، ئىچكى ماتېرىيال)نى نەشر قىلدۇرۇپ، بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرگە دائىر تارىخىي ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىشقا زور ئەجىر سىڭدۈردى، تارىخ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدە ناھايىتى ئەستايىدىل بولدى. مىسالغا ئالساق، داڭلىق ئۇيغۇر تىلى ۋە تارىخ تەتقىقاتچىسى گېڭ شىمىن ئەپەندى يازغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىغا دائىر «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» (35 مىڭ خەتلىك) ناملىق ماقالىنى تەرجىمە قىلىشتا، ئۇنىڭدىكى ئاتالغۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخشۇناسى داۋىدوۋىچ يازغان ئۈچ توملۇق رۇسچە «قاراخانىيلار تارىخى»دىن پايدىلىنىپ تەرجىمە قىلغان؛ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان 45 مىڭ خەتلىك «قەدىمكى لىيال (ئۇدۇن) تارىخى» ناملىق ماقالىنى تەرجىمە قىلىشتا، بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدىن ئەكەلدۈرۈپ، ماقالىدىكى بۇددا ئاتالغۇلىرىنى شۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ تەرجىمە قىلغان؛ ئىراننىڭ 16 - ئەسىردىكى مەشھۇر تارىخچىسى راشىددىن يازغان دۇنياۋى داڭلىق ئەسەر «جەمئۇت تەۋارىخ — تارىخلار جەمئىيسى» (خەنزۇچە 4 توم، بىر مىليون يەتتە يۈز مىڭ خەت) ناملىق كىتابنىڭ ئۆزى ئۈستىگە ئالغان ئىككىنچى تومىنى مۇستەقىل تەرجىمە قىلىش ۋە باشقا ئۈچ تومىنىڭ تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتىش جەريانىدا مەرھۇم تارىخچى ئۇيغۇر سايرانى ساقلىغان رۇسچە نۇسخا بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققان؛ «تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا»، «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر توغرىسىدا ئىزدىنىش» قاتارلىق ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىشتا قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدىكى بىر قىسىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامىنى ۋە بەزى ئاتالغۇلارنى تۈنجى قېتىم تەرجىمە قىلغان، جۈملىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق ئۇيغۇر دېڭىزچى ئەل

ئۇقمىش قاتارلىقلارنىڭ ئىسمىنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلغان. «ئۇيغۇرچە – خەنزۇچە چوڭ لۇغەت» (2006) كىمۇ ئابلەت نۇردۇن تەمىنلىگەن مىڭچە تارىخ ئاتالغۇسى كىرگۈزۈلگەن. ھازىر ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يىغىدىن توپلىغان ئالتە مىڭچە تارىخىي ئاتالغۇنى رەتلەپ نەشر قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ.

ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى تارىخ ئەسەرلىرى تەرجىمانى بولۇپلا قالماي، يەنە يېتىلگەن تارىخ تەتقىقاتچىسىدۇر. ئۇ 1980 – يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 12 – سانىغا بېسىلغان «دۇنيادىكى كالېندارلار» ناملىق ماقالىسى بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتقا قەدەم قويغان بولۇپ، ھازىرغىچە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى توغرىسىدا» (1994)، «غەربىي يۇرتنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى» (1995) قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» (2003) ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. چوڭ 32 فورماتلىق، 560 بەتلىك «شىنجاڭنىڭ سودا – بازار تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش» (2009) ناملىق مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى «چىڭ سۇلالىسى تارىخى» بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى» غا دائىر مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات تېمىلىرىنى يېزىشقا مەسئۇل بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. «چاشقان يىلى» (1994)، «تۈركىيە» (1997)، «‹شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى› ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر مۇندەرىجىسى» (1996، ئىچكى ماتېرىيال) قاتارلىق كىتاب – ماتېرىياللارنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. نامەلۇم ئاپتور يازغان يازما يادىكارلىق — «ھۇدۇدۇلئالەم (دۇنيانىڭ چېگرا – پاسىللىرى)» (2003) ناملىق كىتابنى نەشرگە تەييارلاپ نەشر قىلدۇردى. ھازىر يەنە «خەنزۇچە – ئىنگلىزچە – ئۇيغۇرچە دۇنيا كىشى ئىسىملىرى تەرجىمە لۇغىتى» (چوڭ 16 فورمات، تەخمىنەن 5470 بەت، ئۈچ قىسىم) نى تۈزۈش ۋە نەشر قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ «خەنزۇچە – ئۇيغۇرچە تارىخ لۇغىتى»، «غەربىي يۇرتتىكى 54 بەگلىك» قاتارلىق بىر قانچە ئىلمىي ئەسىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى يەنە ئىجتىمائىي مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئۇ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا ئىشلىگەن 15 يىلدا نەچچە مىڭ پارچە ئىلمىي ماقالىنى تەھرىرلىدى ياكى ئاخىرقى قېتىم بېكىتتى. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرناللىرىنى ياخشى باشقۇرۇش ۋە ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى، كۆپ قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى تەشكىللىدى ۋە رىياسەتچىلىك قىلدى. «خەنزۇچە – ئۇيغۇرچە لۇغەت» (2001)، «ئۇيغۇرچە – خەنزۇچە لۇغەت» (2006)، «سەنئەت لۇغىتى» (2009) نى تۈزۈش ۋە بېكىتىشكە قاتناشتى. ھازىرغا قەدەر «دۇنيا مىللەتلىرى» (1997)، «توققۇز ئوغۇزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى» (2007)، «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» (5 –، 12 – قىسىم) (2009)، «مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى» (2008) قاتارلىق نەچچە ئون كىتابنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىدى. «24 تارىخ» تىكى مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنىڭ تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە قاتناشتى. «ئانا يۇرت» (1998)، «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار» (2001)، «بەختسىز سەئىدىيە» (2002) قاتارلىق يۈز نەچچە كىتابنى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتناشتى. «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى» (2004)، «ئالتۇن بۆشۈك ماكان كۇچا» (2005) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلىشنى پىلانلىدى ۋە ئاخىرقى بېكىتىشكە قەدەر كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. تەكلىپكە بىنائەن بېيجىڭغا بېرىپ 30 قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى — «چىيەنلوڭ ۋە ئىپارخان» نىڭ سىنارىيىسىنى تارىخ ۋە مىللەت نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ بېكى-

تىشكە قاتناشتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتى»، «زوزۇڭتاڭ» قاتارلىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتناشتى.

ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مول بىلىمى بىلەن تۈرلۈك ئاممىۋى ئىلىم - مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىپ كەلدى. كۆپ قېتىم ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا، ژۇرنالچىلىق توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا، مىللەتشۇناسلىق، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتى ھەم ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەردە ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىدارە - نازارەتلەر ئۇيۇشتۇرغان كادىرلار كۇرسلىرىدا تەكلىپ بىلەن «ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، «ئۇيغۇر تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى ۋە داۋاملىق ئىزدىنىشكە تېگىشلىك مەسىلەلەر»، «تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، «پەلسەپە ئاساسلىرى بىلىملىرى» قاتارلىق مەزمۇنلاردا دەرس ئۆتتى ياكى كۆپ قېتىم لېكسىيە سۆزلىدى. ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئالىي ئۇنۋان، مۇنەۋۋەر ئەسەر باھالاش كومىتېتىنىڭ، ئاخبارات - نەشرىيات سىستېمىسى ئالىي ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلدى. كۆپ قېتىم ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، تارىخقا دائىر ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشتى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى مەركىزى»نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ۋە «تارىم» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ تەھرىر ھەيئىتى بولۇپ، تېگىشلىك ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇردى. ھازىر يەنە جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك مىللەتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە 12 مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىقلارنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ - مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى بىلەن «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى ئىلىمخۇمار ياشلار بىلەن، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، ئۇلارنى يېتەكلەش جەھەتتىمۇ تېگىشلىك كۈچ چىقىرىپ كەلمەكتە.

ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكىدەك نەتىجىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككى قېتىم «80 - يىللاردا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ستۇدېنت» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئائىل بولدى. ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» (خەنزۇچە) قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلدى. 2004 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «ئابلەت نۇردۇننىڭ 25 يىللىق ئىلمىي ئەمگىكىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلدى... بىزمۇ ئابلەت نۇردۇن ئەپەندىنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى ئالقىشلاش بىلەن بىللە، ئابلەت نۇردۇن ئەپەندىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى، بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەم ئۇتۇقلۇق داۋاملىشىشىنى، تېنىنىڭ يەنىمۇ ساغلام بولۇشىنى، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ بەخت - ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆتۈشىنى تىلەيمىز!